# 汉语教学常用词语对比例释

（维文版）

北京语言大学出版社

# 汉语教学常用词语对比例释

# خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرگە سېلىشتۇرما ئىزاھات

（维文版）


卢福波　　编　著

哈力克·尼亚孜　　维文翻译

木哈白提·哈斯木　　译校



北京语言大学出版社

（京）新登字 157 号

图书在版编目（CIP）数据

汉语教学常用词语对比例释/卢福波编著；哈力克·尼亚孜译.
－北京：北京语言大学出版社，2003
ISBN 7－5619－1172－6
Ⅰ.汉…
Ⅱ.①卢…　②哈…
Ⅲ.汉语－词语－少数民族教育－教学参考资料－汉语、维吾尔语
（中国少数民族语言）
Ⅳ.H193.4
中国版本图书馆 CIP 数据核字（2003）第 017339 号

责任印制：乔学军
出版发行：北京语言大学出版社
社　　址：北京市海淀区学院路 15 号　邮政编码：100083
网　　址：http：//www.blcup.com
印　　刷：北京北林印刷厂
经　　销：全国新华书店
版　　次：2004 年 6 月第 1 版　2004 年 6 月第 1 次印刷
开　　本：850 毫米×1168 毫米　1/32　印张：32
字　　数：1208 千字　印数：1－3000 册
书　　号：ISBN 7－5619－1172－6/H·03023
2003 SY 0026
定　　价：48.00 元
出版部电话：010－82303590
发行部电话：010－82303648　82303591
传真：010－82303081
E-mail：fxb@blcu.edu.cn

如有印装质量问题·本社出版部负责调换

# 前　言

《汉语教学常用词语对比例释》是一部具有学习和参考价值的辞书性著作，它的主要使用对象是把汉语作为第二语言的学习者、从事汉语教学与研究的教师和研究生等。它是将现代汉语中一部分最常用的、意义相近的或有相似点的词语分组进行对比分析，指出意义上、色彩上、搭配上、使用上的异同，以便学生正确理解、掌握与使用，为教师教学与研究提供参考。

到目前为止，词语辨析类工具书国内已出版了几部，最有代表性的要算刘叔新先生主编的《现代汉语同义词词典》。此外汉语综合性工具书中由冯志纯、周行健先生主编的《新编汉语多功能词典》也对大量词语进行了辨析，那么为什么还要写这部书呢?这主要是因为使用对象的不同。现有的此类书主要是为以汉语为母语的人编写的，因此无论是选词范围、分析角度，还是例句选用都以汉语为母语者的理解、体味及存在的问题为切入点和研究点，这往往解决不了少数民族学生存在的问题。少数民族学生遇到的词与词的对比，常常并不局限在同一词性上，如："怕"、"害怕"与"可怕"，"全体"、"全部"与"整个"，"希望"与"愿望"，"友好"与"友谊"等；有些词意义上似乎不那么相近，如："想"与"要"、"还是"与"或者"、"知道"与"了解"、"问"与"打听"、"教"与"请教"、"信心"与"决心"等；有些词用法上完全混为一谈，如："见"与"见面"、"看"与"看见"、"帮"与"帮忙"、"送"与"送行"；还有很多弄不清的意义虚的或较虚的词，如："再"、

"又"、"也"等,"很"、"真"、"太"等,"对"、"对于"、"跟"、"朝"、"向"、"往"等,"的"、"了"等等。少数民族学生对于这些词不是理解了就会用,因为语感达不到,往往需要有具体规则帮助他们把握可用或不可用的情况,用具体例子告诉他们可取与不可取的用法,这些是一般的辨析词典几乎不涉及的问题,也是编写这部书的难点、重点所在。少数民族学生在汉语学习中遇到的难题,常常也是教师的难题。因为一般的工具书很难解决学生的问题,这些问题常常自然地被摆在老师面前。老师们常常为解决几个词的对比绞尽脑汁、查遍所有的工具书,既费时又费力。为此,学习汉语的少数民族学生、从事汉语教学的教师等都迫切需要一部适应汉语教学的词语对比类的工具书和参考书。

《汉语教学常用词语对比例释》是以少数民族学生学习汉语遇到的问题为主要切入点、研究点。它以少数民族学生学习汉语中最常用的、意义或用法易混淆的词语为对比对象和选词范围,所对比的一组词语中不管词性是否一致、实虚是否统一,也不管是词还是词组;对比的角度不仅限于词义,还更多地注意结构、语用等方面;分析论述及例句的选择基本照顾到少数民族学生一般的接受水平,部分内容与例句还做了维文翻译,分析对比中为帮助学生具体理解意义和规则,还进行了正误用例的对照。在词与词对比的义项上,既不是所有的义项都对比,也不一定局限在一个义项上,学生出现的错误常常并不局限在一个义项里,有时是两个、三个义项的混用,因此只能根据学生最常出现的问题决定义项的选择。总之,从实际需要和实际问题出发,切实地解决汉语学习和教学中的问题,使之成为方便、实用的工具书或参



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

考书，是写这部书的宗旨。

这部书的意义主要在于它对于教与学的实用桔值，从汉语作为第二语言的角度，也算填补了一种对比类工具书的空白。此外从研究的角度看，它对汉语词汇、语法、语用等的研究也具有一定的学术价值。书中很多对比分析与研究对于语义对结构、语用的制约作用、搭配规则和语用环境对结构的影响等有一些新的揭示和见解，对于某些词语的搭配组合有较深入的理据分析，这对于从事汉语词汇与语法研究的研究生、教师、学者来说，会有一定的参考价值。

作　者

2002 年 9 月于南开园

# 维文版译序

## （一）

改革开放20多年来，新疆的经济和社会发展使生活在这里的少数民族的生活和思想观念发生了巨大变化，其中，少数民族对汉语言文字在当今社会中重要作用的再认识上变化尤为明显。学汉语、懂汉语已开始成为一种社会时尚。汉语教学一方面从中学向下延伸到了小学甚至幼儿园，另一方面从中学向上延伸到了高等学校。高校开始从双语授课转向汉语授课。“民汉兼通”已成为少数民族人才必备的素质之一。

我们于1994—1999年间在对新疆少数民族中小学汉语教学问题进行调查研究期间，了解到我区维吾尔族中小学有万余名汉语教师在教学第一线从事着汉语教学工作。他们当中的绝大多数人是维吾尔族。他们顺应社会的发展，自己先学习了汉语，后又教别人学汉语。我们认为这是社会进步的一种表现，是一件了不起的事。但十分遗憾的是，这些维吾尔族出身的汉语教师的大部分汉语水平和教学水平偏低，他们中很多人中学毕业后，才开始在中专或高等学校接受专门的汉语教育（含高等教育自学考试）。因年龄偏大，没能改变发音习惯和思维习惯，再加上接受专门训练的时间较短，教学条件、教学方法、教材内容等存在着这样或那样的问题，使得汉语水平未能达到理想的程度。所以他们在从事汉语教学时，总是感到力不从心，教学效果也不甚理想。我们的调查结果表明，在与汉语教学相关的师资队伍、教材内容、教学条件、教学方法、语言环境、语言态度等诸项因素中，师资队伍的因素至关重要。汉语教师自身的汉语水平偏低的

现状制约着汉语教学进程的速度，影响着汉语教学水平的提高。广大汉语教师深知自己肩负着历史重任，因此在艰苦的环境中，承担着繁重的教学任务，同时又时时刻刻在为进一步提高自身的汉语水平做着种种努力。他们渴望学习。然而，中小学的图书室里，尤其是在广大农牧区的中小学的图书室里很少能找到可供汉语教师参考或自学的图书。即使个人想到书店购买，也往往找不到真正能帮助他们解决教学疑难问题的参考书。这些情况我们在基层调研期间亲眼所见，亲耳所闻。广大农村牧区的汉语教师的敬业爱业精神和学汉语、教汉语的热情使我们深受感动。我们常常为自己作为高校教师，作为他们的前辈，未能给他们以直接的帮助，未能给他们做一两件实实在在的事而感到内疚。现在北京语言大学出版社给了我们这样一次机会，请我们将卢福波老师编著的《汉语教学常用词语对比例释》一书译成维吾尔文，把它奉献给维吾尔族中小学的汉语教师和渴望提高自己的汉语水平的青年。我们为此感到一点欣慰。但愿这本书能够成为汉语教师身边的指导老师，成为汉语教师的好帮手。

（二）

把汉语作为第二语言的维吾尔人，尤其是汉语教师都有一个共同的体会：汉字难写难记，声调难掌握，语法也与维吾尔语很不一样，词语更是灵活多样，用法多变。但汉语的语音与语法规律性强，一旦掌握了基本规则，就可以举一反三，相对而言还是比较容易学会的，哪怕发音不十分准，也还是可以掌握好的。而汉语词语则需一个个地学，“各个击破”。而且无论是语音知识也好，语法知识也好，不管是听说读写技能训练也好，还是交际训练也好，都要落实在词语上。要掌握一个词就意味着要掌握它的读音、意义和用法。如果词汇的学习或教学不到位，没有一定的量（如 3000 词，5000 词，8000 词），学或教出了偏差（如误用，分不清同义词或用法近似的词语的差异等），那么学或教就不会

有什么成效。据我们观察，汉语学习过程中，在相对时间里取得较好成效的人往往是通过词汇学习来领悟和巩固语音学习、语法学习的成果的，是把词汇学习当做主动学习、课外学习、随时随地学习的重要途径的。他们往往会在词汇学习中不断找到新的兴奋点，有所发现，有所收获，从而感到越学越有趣，越学越有劲。

汉语词汇的灵活性，尤其是构词方式的灵活性会令任何一个初学者叹服。如“谢谢”这个词与单音节形式“谢”虽表示同样的意思，但用法上不同。掌握了这两个词还不够，还得掌握“感谢”一词。“感谢”与“谢谢”、“谢”又不一样，而这三个词在维语中只与一个词相对应。如何细致地区分它们，掌握它们的用法，对维吾尔族学习者来说不仅重要而且是有一定的难度的。这一类的例子举不胜举。然而，现有针对少数民族的汉语教科书往往只解释某一个词在某课文中的用法及译法。一般的汉语词典也只对单一词语的意义进行解释。对那些意义和用法相近的词语之间的联系与差异，教科书里一般没有详细的说明，词典里也查不到解释。于是汉语学习者只好从多次的误用、错用中，去把握那些相关或相近的词的区别，为此花费许多精力。更要紧的是汉语教师还经常要面对学生提出的各种问题。如果教师对相关或相近词语的意义、功能、结构、色彩和用法等缺乏科学的、准确的了解和体会，就不可能回答出学生提出的问题。

我们推荐给维吾尔族读者的这本《汉语教学常用词语对比例释》一书正好可以帮助汉语学习者和汉语教师弄清那些常用的、看起来相同或相似而实际上有一定区别的词语的用法。

我们认为本书在新疆至少能够在以下三个方面发挥作用：首先，本书可以成为每一位汉语教师的重要教学参考书，成为备课讲课的依据；其次，本书将会成为编写民族中小学汉语教材和其他汉语教材以及教辅读物的参考依据；另外，本书还可作为汉语教师短期培训的主要用书和参考教材。各类汉语培训班的老

师可针对学员的实际情况，选择本书中的词语作为教学内容对学员进行训练。

我们在翻译这本书的过程中体会到，本书作者对作为第二语言的汉语教学有着丰富的经验，尤其对学习者在汉语词语掌握的难点上有着深刻的体会。所以，作者从汉语教学的角度，选择了 254 组词语，进行了对比。对比既有一定的理论说明，又有丰富、贴切的例句，更有学习者误用的实例。我们相信，有了这本书，我们的汉语教师在备课时，再也不会为分不清“又、再、还”或“做、搞、干”等词语的区别和用法而烦恼。因为，本书对汉语教学中常见的词义和用法相近的词语从意义、功能、结构、色彩和用法等多角度做了准确、详细、通俗的对比分析和说明。

北京语言大学出版社了解到新疆汉语教师的需要，为支持边疆地区的民族教育事业，决定克服汉维文混合排版上的重重困难而出版本书。我们愿代表新疆广大汉语教师和汉语学习者，向该书作者卢福波老师和北京语言大学出版社表示衷心的感谢。

新疆大学人文学院 哈力克·尼亚孜
木哈白提·哈斯木
于乌鲁木齐

# ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرىگە كىرىش سۆز

## (1)

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 20 نەچچە يىل مابەينىدە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بۇ ماكاندا ياشاۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىدىيىسىگە زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇ تىل-يېزىقىنىڭ بۈگۈنكى جەمئىيەتتىكى مۇھىم رولىغا بولغان قايتا تونۇشى ھەققىدىكى ئۆزگىرىش ناھايىتى روشەن. خەنزۇچە ئۆگىنىش، خەنزۇچە بىلىش جەمئىيەتتەبىر خىل مودا ئىشقا ئايلانماقتا. خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا مەكتەپتىن تۆۋەنگە يۈزلىنىپ باشلانغۇچ مەكتەپ ھەتتا بالىلار باغچىسىغا قەدەر سىلجىۋاتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرىغا يۈزلىنىپ ئالىي مەكتەپلەرگە سىلجىۋاتىدۇ. ئالىي مەكتەپلەر قوش تىللىق ئوقۇتۇشتىن نوقۇل خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇشقا كۆچۈۋاتىدۇ. «مىللىيچىنىمۇ، خەنزۇچىنىمۇ تەڭ بىلىش» ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىدە ھازىرلىنىشقا تېگىشلىك ساپالارنىڭ بىرىگە ئايلانماقتا.

بىز 1994-يىلىدىن 1999-يىلىغىچە، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىغا ئائىت مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە 10 مىڭدىن ئارتۇق خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇلار جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ، ئۆزلىرى ئالدى بىلەن خەنزۇ



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

تىلى ئۆگەنگەن ، كېيىن باشقىلارغا خەنزۇ تىلى ئۆگەتكەن . بىزنىڭچە ، بۇ ئىش جەمئىيەتتىكى بىر خىل ئىلغارلىققا ۋەكىللىك قىلىدىغان قالتىس بىر ئىش . ۋاھالەنكى ، خەنزۇ تىلى دەرسى بېرىدىغان بۇ ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسى ۋە ئوقۇتۇش سەۋىيىسى تۆۋەنرەك . ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ياكى ئالىي مەكتەپلەردە ( ئالىي مائارىپنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) خەنزۇ تىلى ھەققىدە مەخسۇس تەلىم ئېلىشنى باشلىغان . بۇ چاغدا ، ئۇلارنىڭ يېشىمۇ سەل چوڭ كېلىپ قېلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ تەلەپپۇز ئادىتى ۋە تەپەككۇر ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ كېتەلمىگەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە مەخسۇس تەربىيىلىنىش ۋاقتىنىڭ قىسقا بولۇشى ، ئوقۇتۇش شارائىتى ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ، دەرسلىك مەزمۇنى قاتارلىقلاردا يا ئۇنداق ، يا مۇنداق مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ، ئۇلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسى كۆڭۈلدىكىدەك پەللىگە يېتەلمىگەن . شۇڭا ، ئۇلار خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى جەريانىدا دائىم ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنرەك كېلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ، ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنىڭمۇ ئويلىغاندەك بولمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ كەلگەن .

تەكشۈرۈشىمىزنىڭ نەتىجىسىدىن قارىغاندا ، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ، دەرسلىك مەزمۇنى ، ئوقۇتۇش شارائىتى ، ئوقۇتۇش مېتودى ، تىل شارائىتى ، تىل پوزىتسىيىسى قاتارلىق ئامىللار ئىچىدە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئىنتايىن ھالقىلىق ئورۇندا تۇرىدۇ . خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن بولۇپ كېلىۋاتقانلىقى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش سۈرئىتىگە ۋە خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تەسىر قىلىۋاتىدۇ . نۇرغۇنلىغان خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ زىممىسىدىكى مۇھىم تارىخىي مەسئۇلىيەتنى تونۇپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن ، جاپالىق شارائىتتا ئېغىر ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى

ئورۇنداش بىلەن بىللە، دائىم ئۆزلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھەر خىل تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتمەكتە. ئۇلار ئۆگىنىشكە تەشنا. ئەمما، ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ كۇتۇپخانىلىرىدا، بولۇپمۇ كەڭ يېزا-قىشلاقلاردىكى ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ كۇتۇپخانىلىرىدا خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى پايدىلىنىشقا بولىدىغان ياكى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە بولىدىغان كىتابلارنى تېپىش تەس. ئوقۇتقۇچىلار ئۆز پۇلىغا كىتاب سېتىۋېلىشنى ئويلىغان تەقدىردىمۇ، كىتابخانىلاردىن ئوقۇتۇشتا دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ھەقىقىي تۈردە ياردىمى تېگىدىغان پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى تېپىلمايدۇ. بۇ ئەھۋاللارنى بىز ئاساسىي قاتلاملاردا تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش جەريانىدا ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق، ئۆز قۇلىقىمىز بىلەن ئاڭلىدۇق. كەڭ يېزا-قىشلاقلاردىكى خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۆز كەسپىنى قەدىرلەيدىغان، ئۆز كەسپىنى سۆيىدىغان روھى ۋە خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش، خەنزۇ تىلى ئۆگىتىش قىزغىنلىقى بىزنى تەسىرلەندۈرۈپ كەلدى. بىز ئۆزىمىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى تۇرۇقلۇق، ئۇلاردىن يېشىمىز چوڭ تۇرۇقلۇق، ئۇلارغا بىۋاستە ياردەم بېرەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئۇلارغا بىرەر ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن دائىم ئۇكۇنۇپ كەلگەن ئىدۇق. مانا ئەمدى بېيجىڭ تىل ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى بىزگە مۇشۇنداق بىر پۇرسەت يارىتىپ بېرىپ، بىزنى لۇفۇبو مۇئەللىم تۈزگەن «خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرگە سېلىشتۇرما ئىزاھات» ناملىق ئەسەرنى ئۇيغۇر ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئۆزلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە تەشنا بولۇۋاتقان ياشلار ئۈچۈن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. بىز قولىمىزدىن كېلىدىغان بۇ ئىشنى قىلىپ بېرەلىگەنلىكىمىزدىن كۆڭلىمىز سەل ئىمىن تاپتى. بىز بۇ كىتابنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ يېتەكچى مۇئەللىمى ۋە ياخشى ياردەمچىسى بولۇپ

قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز .

## (2)

خەنزۇ تىلىنى ئىككىنچى تىل سۈپىتىدە ئۆگىنىپ باققان ئۇيغۇرلار ياكى خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئورتاق بىر تەسىرات بار : خەنزۇچە خەتلەرنى يېزىش تەس ، ئەستە ساقلاش تەس ، توننى ئىگىلەش تەس ، خەنزۇ تىلىنىڭ گرامماتىكىسىمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭكىدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ ، سۆزلۈكلىرى ئۆزگىرىشچان ، ئىشلىتىلىشى مۇرەككەپ . ئەمما خەنزۇ تىلىنىڭ تاۋۇشى بىلەن گرامماتىكىسىنىڭ قانۇنىيەتچانلىقى كۈچلۈك بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى ئىگىلىۋالسىلا ، بىر قائىدە بىلەن بىرمۇنچە مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ . تەلەپپۇزنى ئانچە توغرا قىلالماي قالغان تەقدىردىمۇ ، يەنىلا ئىگىلىۋالغىلى بولىدۇ . بىراق خەنزۇ تىلى سۆزلۈكىنى بىردىن-بىردىن ئۆگەنمەي ، بىردىن- بىردىن «بۆسۈپ» ئۆتمەي بولمايدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە مەيلى فونېتىكا ساۋاتلىرى بولسۇن ، گرامماتىكا ساۋاتلىرى بولسۇن ، مەيلى ئاڭلاش ، سۆزلەش ، ئوقۇش ، يېزىش جەھەتتىكى ئىقتىدار ياكى ئالاقىلىشىش جەھەتتىكى ئىقتىدار بولسۇن ، ھەممىسى سۆزلۈكتە ئەمەلىيلىشىدۇ . بىر سۆزنى ئىگىلەش دېمەك ئۇنىڭ ئاھاڭى ، مەنىسى ۋە ئىشلىتىلىشىنى بىلىش دېمەكتۇر . ئەگەر سۆزلۈك جەھەتتىكى ئۆگىنىش ياكى ئوقۇتۇش ۋاقىتقا يەتمىسە ، ئىگىلىگەن سۆزلۈك بەلگىلىك مىقدارغا يەتمىسە (مەسىلەن ، 3000 سۆز ، 5000 سۆز ، 8000 سۆز ) ، سۆزلۈكلەرنى ئۆگىنىش ياكى ئوقۇتۇشتا سەۋەنلىك كۆرۈلسە (مەسىلەن ، خاتا ئىشلىتىش ، مەنىداش سۆزلەرنىڭ ياكى مەنىلىرى يېقىن كېلىدىغان سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى پەرق ئېتەلمەسلىك قاتارلىق ) ، ئۆگىنىش ياكى ئوقۇتۇشتىن تۈزۈك بىر ئۈنۈم

چىقمايدۇ. كۆزىتىشىمىزچە، خەنزۇچە ئۆگىنىشتە بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە ياخشىراق ئۇنۇمگە ئېرىشكەنلەر دائىم دېگۈدەك سۆزلۈك ئۆگىنىشى ئارقىلىق تاۋۇش ۋە گراماتىكا جەھەتتىكى ئۆگىنىش ھاسىلاتلىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە مۇستەھكەملەيدۇ، ئۇلار سۆزلۈك ئۆگىنىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىش، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئۆگىنىش، ھەرجاي، ھەر ۋاقىتتا ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم بىر ئامىلى قىلىدۇ. ئۇلار دائىم سۆزلۈك ئۆگىنىش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز تۇردە يېڭى ھاياجان نۇقتىسىنى تاپىدۇ، يېڭىلىق ھېس قىلىدۇ، بىر نەرسىگە ئېرىشكەنلىك تۇيغۇسىغا ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆگەنگەنسېرى ئۆگىنىشنى قىزىقارلىق ھېس قىلىدۇ، ئۆگەنگەنسېرى روھلىنىپ كېتىدۇ.

خەنزۇ تىلى سۆزلۈكىنىڭ جانلىقلىقى، بولۇپمۇ سۆز ياساش ئۇسۇلى جەھەتتىكى جانلىقلىقى ھەرقانداق بىر يېڭى ئۆگەنگۈچىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. مەسىلەن، «谢谢» دېگەن سۆز بىلەن ئۇنىڭ تاق بوغۇم شەكلى «谢» گەرچە ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى ئوخشىمايدۇ. بۇ ئىككى سۆز تېخى كەملىك قىلىپ قالىدۇ، يەنە تېخى «感谢» نى ئىگىلەش كېرەك. «感谢» سۆزى «谢»، «谢谢»، گە ئوخشىمايدۇ. ئەمما بۇ ئۈچلا سۆز ئۇيغۇر تىلىدا «رەھمەت» مەنىسىگە ئۇدۇللاق كېلىدۇ. بۇ ئۈچ سۆزنى ئىنچىكە پەرقلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىنتايىن زۆرۈر، لېكىن خېلى تەسكە توختايدۇ. بۇ خىلدىكى مىساللار ناھايىتى كۆپ. ۋاھالەنكى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن تۈزۈلگەن خەنزۇ تىلى ئوقۇشلۇقلىرىدا دائىم دېگۈدەك مەلۇم بىر سۆزنىڭ شۇ تېكىستتىكى ئىشلىتىلىشى ۋە تەرجىمىسىلا بېرىلىدۇ. ئادەتتىكى خەنزۇ تىلى لۇغەتلىرىدىمۇ يەككە بىر سۆزنىڭ مەنىلىرىلا ئىزاھلىنىدۇ. مەنە ۋە ئىشلىتىلىش جەھەتتە بىر-بىرىگە يېقىن كېلىدىغان سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى ۋە پەرقى

ھەقىقەتتە دەرسلىكلەردە تەپسىلىيرەك چۈشەندۈرۈش بېرىلمەيدۇ ، لۇغەتلەردىمۇ ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىزاھاتلارنى تاپقىلى بولمايدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، خەنزۇ تىلى ئۆگەنگۈچىلەر مەنىلىرى باغلىنىشلىق ياكى يېقىن كېلىدىغان ئەنە شۇنداق سۆزلەرنىڭ پەرقىنى كۆپ قېتىملىق خاتا ئىشلىتىش ، ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىش جەريانىدا ئاران ئايدىڭلاشتۇرالايدۇ ، بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ زېھنىي كۈچ سەرپ قىلىدۇ . ئەڭ مۇھىم بولىدىغىنى ، خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى تېخى ئوقۇغۇچىلار قويغان ھەر خىل سوئاللارغا لايىقىدا جاۋاب بېرەلىشى كېرەك . ئەگەر ئوقۇتقۇچى مەنىلىرى باغلىنىشلىق ياكى يېقىن كېلىدىغان ئەنە شۇنداق سۆزلەرنىڭ مەنىسى ، رولى ، قۇرۇلمىسى ، تۈسى ۋە ئىشلىتىلىشى قاتارلىقلار توغرىسىدا ئىلمىي ، توغرا چۈشەنچە ۋە تەسىراتقا ئىگە بولمىسا ، ئوقۇغۇچى قويغان سوئالغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ ، ئەلۋەتتە .

بىز ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە تونۇشتۇرۇۋاتقان «خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرگە سېلىشتۇرما ئىزاھات» ناملىق بۇ كىتاب دەل خەنزۇ تىلى ئۆگەنگۈچىلەر ۋە خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىغا دائىم ئۇچرايدىغان ، قارىماققا ئوخشاش ياكى ئوخشاپ كېتىدىغان ، ئەمەلىيەتتە بەلگىلىك پەرقى بولغان سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىنى ئىگىلەشكە ياردەم بېرىدۇ . بىزنىڭچە ، بۇ كىتاب شىنجاڭدا كەم بولغاندا تۆۋەندىكىدەك ئۈچ جەھەتتە رول ئوينايدۇ : بىرىنچىدىن ، بۇ كىتاب ھەربىر خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى ئۈچۈن ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىدىغان مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇ ، ئۇلارنىڭ دەرس تەييارلىشى ، دەرس ئۆتۈشى ئۈچۈن ئاساس بولالايدۇ . ئىككىنچىدىن ، بۇ كىتاب مىللىي ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ئاتالغان خەنزۇ تىلى دەرسلىكى ۋە باشقا قوشۇمچە دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈشتە پايدىلىنىش ئاساسى بولالايدۇ . ئۈچىنچىدىن ، بۇ كىتاب خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى ئۈچۈن ئېچىلغان قىسقا كۇرسلارنىڭ مۇھىم دەرسلىكى ۋە پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇ . خەنزۇ تىلى كۇرسىدا

دەرس ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىلار كۇرسانتلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، بۇ كىتابتا بېرىلگەن سۆزلەردىن زۆرۈرلىرىنى تاللاپ، كۇرسانتلارغا مەشىق قىلدۇرسا بولىدۇ.

بىز بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا كىتاب ئاپتورىنىڭ خەنزۇ تىلىنى ئىككىنچى تىل سۈپىتىدە ئوقۇتۇش جەھەتتە مول تەجرىبىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ خەنزۇ تىلى سۆزلۈكىنى ئىگىلەشتىكى قىيىن نۇقتىلىرى ھەققىدە چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. شۇڭا، كىتاب ئاپتورى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى نۇقتىسىدىن 254 گۇرۇپپا سۆزنى تاللاپ، سېلىشتۇرۇپ چىققان. سېلىشتۇرمىدا ھەم بەلگىلىك نەزەرىيىۋى چۈشەندۈرۈشلەر بار، ھەم مول، مۇۋاپىق مىساللار بار، بولۇپمۇ ئۆگەنگۈچىلەر خاتا ئىشلىتىپ قويغان مىساللارمۇ بار. بىز ئىشىنىمىزكى، خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ قولىدا بۇ كىتاب بولسىلا، ئۇلار ھەرگىز « 又,再,还 » ياكى « 做,搞,干 » دېگەندەك سۆزلەرنىڭ پەرقى ۋە ئىشلىتىلىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ ئولتۇرمايدۇ. چۈنكى، بۇ كىتابتا خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا دائىم ئۇچرايدىغان، سۆز مەنىسى ۋە ئىشلىتىلىشى يېقىن كېلىدىغان سۆزلەرنىڭ مەنىسى، رولى، قۇرۇلمىسى، تۈسى ۋە ئىشلىتىلىشى قاتارلىقلار كۆپ جەھەتلەردىن توغرا، تەپسىلىي، ئاممىباب قىلىپ سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىنغان ۋە چۈشەندۈرۈلگەن.

بېيجىڭ تىل ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى شىنجاڭدىكى خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، چېگرا رايوندىكى مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى قوللاش ئۈچۈن، خەنزۇچە يېزىق بىلەن ئۇيغۇرچە يېزىق ئارىلىشىپ كەلگەندە مەتبەئەدە دۇچ كېلىدىغان ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بۇ كىتابنى نەشر قىلىشنى قارار قىلدى. بىز شىنجاڭدىكى كەڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە خەنزۇ تىلى ئۆگەنگۈچىلەر نامىدىن مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورى لۇفۇبو مۇئەللىمگە ۋە



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com